# شنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 7 ـ ئاي

28

يەكشەنبە

维吾尔文 7月28日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65－0002/－W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

新疆日报 شىنىجاڭ گازىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24770 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# يولداش لى پېڭنىڭ جەستى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كۆيدۈرۈلىدۇ

## تيەنئەنمېن قاتارلىق جايلاردا بايراق يېرىم چۈشۈرۈلۈپ تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، كۆزگە كۆرۈنگەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سىياسىيون، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەشھۇر رەھبىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، 13 ـ نۆۋەتلىك، 14 ـ نۆۋەتلىك، 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ سابىق زۇڭلىسى، 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى يولداش لى پېڭنىڭ جەستى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بېيجىڭدا كۆيدۈرۈلىدۇ.

يولداش لى پېڭغا ماتەم بىلدۈرۈش ئۈچۈن، 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، پايتەختتىكى تيەنئەنمېن، شىنخۇامېن، خەلق سارىيى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايلار، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى، ھەرقايسى چېگرا پورتلىرى، تاشقى دېڭىز، ھاۋا پورتلىرى، جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا ـ كونسۇلخانىلىرىدا بايراق يېرىم چۈشۈرۈلۈپ تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ.

# شى جىنپىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك كۆپچى خەلقئارا قۇملۇق مۇنبىرىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 7 ـ نۆۋەتلىك كۆپچى خەلقئارا قۇملۇق مۇنبىرى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوردوس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنبەرنى كۆرسەتتى: ئىنسانلارنىڭ پەقەت بىرلا يەر شارى يۇرت ـ ماكانى بار. چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇلۇغ ئىش. خەلقئارا جەمئىيەت قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەپ، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، يەر شارىۋى مۇھىت تۈزەشكە تۆھپە قوشۇپ، 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەبىئەتكە ئىناقلىقنى، گۈزەللىكنى قايتۇرۇش ئارقىلىق خەلقنى بەختكە، خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنبەرنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. كۆپچى قۇملۇقنى تىزگىنلەش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مۇھىت ئېكولوگىيەسىنى تۈزەش، 2030 ـ يىل قارالمىسنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى جۇڭگو تەجرىبىسى بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىقىنى 2030 ـ يىل قارالمىسنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن چوڭقۇر ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال تۈرتكە بولدى. كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، جۇڭگو ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىللە ئېنىق تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئۇلىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، يەر شارىۋى مۇھىت تۈزەش، ئاسراشنى قول تۇتۇشۇپ ئالغا سىلجىتىپ، گۈزەل، پاكىز دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

# ئاپتونوم رايون ئىككىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر نەمۇنىچىلىرىغا نام بېرىش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچىدە ئىككىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر نەمۇنىچىلىرىغا نام بېرىش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 92 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەم ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت، ھەربىي ـ خەلق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى يۇقىرى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، لىيۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جىڭ، سارقىت ئاقان يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. يىغىندا، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك شەھەر(ناھىيە، رايون)لەرگە نام بېرىش توغرىسىدىكى قارار» «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار» «ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيەدىن چېكىنگەن نەمۇنىچى ھەربىيلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار» ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى تەقدىرلەنگەن نەمۇنىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەر ۋەكىللىرىگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. تەقدىرلەنگەنلەر ۋەكىللىرى يازمىچە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# تارىم نېفىتلىكى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بىرىنچى چوڭقۇر قۇدۇق رېكورتىنى يېڭىلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** (مۇخبىرلار گۇ يۈ، دۇ گاڭ) مۇخبىرلارنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو نېفىت تارىم نېفىتلىكىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ نېفىتلىك مەسئۇل بولغان لۈنتەن 1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇق ئۇڭۇشلۇق بۇرغىلانغان، ھازىر قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 8882 مېتىر بولۇپ، نۆۋەتتە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ چوڭقۇر قۇدۇققا ئايلانغان. بۇ قۇدۇقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بۇرغىلاپ چارلىنىشى تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسىنىڭ دۇنياۋى ئالدىنقى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«يەن تەتقىقاتچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ سۈرۈشتۈرۈشىدىن قارىغاندا، بۇ قۇدۇق نۆۋەتتە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بۇرغىلانغان ئەڭ چوڭقۇر قۇدۇق ئىكەن.» تارىم نېفىتلىكى چارلاپ تەكشۈرۈش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى چيۇ بىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «جومولاڭما چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 8848 مېتىر، ۋاھالەنكى بىزنىڭ لۈنتەن 1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى چوڭقۇرلۇقى 8882 مېتىر بولۇپ، يەر ئاستىدا بىر جومولاڭما چوققىسنى تېشىپ ئۆتكەنگە باراۋەر».

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# 2019 ـ يىللىق تيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتى باشلاندى

## شاۋكەت ئىمىن باشلىنىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **لياڭ لىخۇا، جاڭ رۇيلىن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2019 ـ يىللىق تيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى باشلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىللىق تيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ باش تېمىسى «قانۇن بويىچە قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش».

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### لى پېڭشىن پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكىلەرگە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

# پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا ئەسلىي مەقسەتنى شەرھلەپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى بەرپا قىلىش كېرەك

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 ـ يېتەكچى گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن «پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا ئەسلىي مەقسەتنى شەرھلەش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش»نى چۆرىدەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكىلەرگە پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# سىجىل تۈزەشتە «توك مىقدارى» يېتەرلىك بولۇشى كېرەك

**سۆز ھەممىگە**

□يۈ يەنيۈن

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، «تۈزىتىش»نى باشتىن ـ ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈش كېرەك. تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىرى ھازىر تۈزەتكىلى بولىدۇ، يەنە بىرى، سىجىل تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، سىجىل تۈزىتىشكە كېتىدىغان ۋاقىت ئۇزاق، ئۈنۈم كۆرۈلۈشى ئاستا، قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر چوڭ. تۈزىتىشنىڭ دەل جايىدا بولۇشى ئۈچۈن، سىجىل تۈزىتىشنىڭ «توك مىقدارى»نىڭ كەم بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، ئۇ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ سىجىل بولۇشىدىكى تۈرتكىلىك كۈچ. «توك مىقدارى»نى قانداق ئاشۇرۇش كېرەك؟ 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»دە خەۋەر قىلىنغان ئۇسۇل ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

شنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى


**سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر**

### باقتۇ جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىنىڭ

# تىجارەت باشلىغان تۇنجى ئايدىكى سودا سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن بۆسۈپ ئۆتتى

**تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **لى جيەنپىڭ، ليۇ شياڭ، رايىدە** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قازاقىستاننىڭ مايلىق گازىر، قەنت ـ گېزەك، ھەسەل قاتارلىق تاۋارلىرى لىققىدە بېسىلغان يۈك ئاپتوموبىللىرى تارباغاتاي باقتۇ جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونى ئامبىرىغا كىردى. رەسمىيەت بېجىرىش، مالنى ئېنىقلاش، مال چۈشۈرۈپ يۆتكەش، تۈركە ئايرىپ ئاپتوموبىلغا قاچىلاش... يىراقتىن كەلگەن بۇ چەت ئەل مەھسۇلاتلىرى چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىدا چېگرا ئاھالىسى ئائىلىلىرى ۋە ھەر تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە خەلقئارالاشقان مال سېتىۋېلىشنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

شۇ كۈنى، تارباغاتاي باقتۇ جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىنىڭ رەسمىي ئېچىلىپ تىجارەت قىلغانلىقىنىڭ 37 ـ كۈنى ئىدى.

2018 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، باقتۇ پورتى، ئەركەشتام پورتى شىنجاڭدا باشلامچىلىق بىلەن چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودىسىنى يولغا قويۇپ، تىپنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشتىكى سىناق نۇقتىسى قىلىنغان پورت بولۇپ قالدى. 2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، باقتۇ جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونى رەسمىي تىجارەت باشلىدى. بىر ئايدىن بۇيان، ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونى تاپشۇرغان نەتىجە تالونى كۆزنى ئالاھىدە چاقناتتى: 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە، ئادەم ئېقىم مىقدارى 52 مىڭ ئادەم قېتىم، ئومۇمىي ئۆتكۈزۈلگەن مال مىقدارى 1666 توننا، راسچوت مىقدارى 1486.6 توننا بولۇپ، سودا ئومۇمىي سوممىسى 12 مىليون 523 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«بۇ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن نۇسخىدىكى چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونى بولۇپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى چۆچەك شەھىرى چېگرا ئىقتىساد ھەمكارلىق رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر شياۋ زۇۋېن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)







(سانلىق مەلۇماتلار مەنبەسى: ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ئىسخېما تۈزگۈچى: جاڭ يۇڭ)

كومباين گۈچۈڭ ناھىيەسىدە كۆزگى بۇغداي ئورۇۋاتىدۇ. (7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تارتىلغان).

□مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

**رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنى سۆزلەش**

# بىرىنچى كەسىپ تەرتىپلىك تەدرىجىي ئىلگىرىلىدى قۇرۇلما تەڭشىلىپ ئاساس پۇختىلاندى، ئۇل كۈچەيتىلدى

70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ سىياسەت ئارقىلىق قوللاش، مەبلەغ سېلىش ۋە پەن ـ تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، سۇ ـ تۇپراق ئېچىش ۋە خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭچە يېزا ئىگىلىك كەسىپ سىستېمىسنى شەكىللەندۈردى. يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا بازارنى يېتەكچى، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى مۇھىم نۇقتا، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە، پاختىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسنى باغ ـ ئورمانچىلىقنى يېتەكچى قىلغان، چارۋىچىلىقنى چۆرىدىگەن ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشكە يۆتكىدى.